# ئۇيغۇرلاردىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى ئۆزگىرىشى

مۇتەللىپ ئىقبال

**مۇھىم مەزمۇنى:** ئىپتىدائىي ئېتىقاد ھادىسىسى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئاسمان جىسىملىرىغا، ھايۋانات-ئۆسۈملۈكلەرگە ۋە ئەجداد- قەھرىمانلارغا چوقۇنۇشتەك ئېتىقاد شەكلىگە ئىگە. ئىپتىدائىي ئېتىقاد ھادىسىسى ھەرقايسى خەلق مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزگىچە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشىدا ساقلىنىۋاتقان ئىپتىدائىي ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەرنى مىسال قىلىش ئارقىلىق، ئىپتىدائىي ئېتىقاد ھادىسىلىرىنىڭ ئىسلام دىنى شارائىتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋشتىكى سەۋەبلىرى ئېچىپ بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئىپتىدائىي ئېتىقاد؛ ئۇيغۇرلار؛ ئىسلام دىنى

ئىپتىدائىي دىن تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئەڭ دەسلەپ ياۋايىلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەچكە، ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى بەزى ئادەتلەر ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئورتاق بولغانىدى. مەسىلەن، قۇياشنى قەدىمدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشىغان مىللەت، قوۋملەر ئۇلۇغلىغان ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان. چۈنكى، قۇياش ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم ئىدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە تەبىئەتتىكى ھەممە شەيئى ئىنسانلار ئۈچۈن ئورتاق ئېتىقاد ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى.

ئىپتىدائىي دىن ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، كۆپ خۇدالىق دىنغا تەۋە. شۇڭا، ئۇ كېيىنكى دەۋردە بارلىققا كەلگەن يەھۇدى دىنى، خىرىستىيان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق بىر خۇدالىق دىنلاردىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

ئىپتىدائىي ئېتىقاد ھەققىدە غەرب ئالىملىرى كۆپ ئىزدەنگەن بولۇپ، ئالىملار ئۇنى «ئىپتىدائىي ئېتىقاد» ياكى «خەلق ئېتىقادى» دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن ئاتاپ كەلگەن. قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بەزى تەتقىقاتچىلار تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى « ‹شامان دىنى› ئاتالغۇسى خەلقئارا ئاتالغۇغا ئايلىنىشتىن بۇرۇن، ئۇ ‹ئىپتىدائىي دىن› ، ‹ئىپتىدائىي ئېتىقاد› دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. شۇڭا، ئىپتىدائىي ئېتىقادنى ‹شامان دىنى› دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ»① دەپ قارايدۇ. شامان دىنىنىڭ دىن ياكى ئەمەسلىك مەسىلىسى ئېلىمىز تەتقىقاتچىلىرى ئارىسىدا خېلى كۆپ تالاش-تارتىشلارنى قوزغىغان. بەزى تەتقىقاتچىلار شامان دىنىنى بىر خىل ئىپتىدائىي دىن دەپ قارايدۇ. بۇ يەردە مېنىڭ شامان ئاتالغۇسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشىمدىكى سەۋەب، كۆپ سانلىق تەتقىقاتچىلار ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىنى شامان دىنى ئېتىقادى دەپ قارايدۇ. بۇ، بەلكىم تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىدا شامان (باخشى)لارنىڭ رولىنىڭ چوڭ بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە «شامان» ئاتالغۇسى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر تىلىدىن كېلىپ چىققان ئىلمىي ئۇقۇم. شۇ نەرسە ئېنىقكى، شامان ئېتىقادىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر ئىپتىدائىي ئېتىقاد ھادىسىلىرى بىلەن كۆپىنچە ئوخشاشلىققا ئىگە. دىلمۇرات ئۆمەر ئەپەندى: «شامان دىنى ئىپتىدائىي دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي

① راخمان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىلى 6-ئاي نەشرى، 4-بەت.

ئېتىقـاد تەرەققىيـاتى بىـلەن ئوخـشاشلىقىقا ئىـگە»① دەپ قارايـدۇ. ئۇيغـۇلار تارىخىـدىكى ئېتىقـاد ھادىسىلىرى ئالىملار تەرىپىدىن ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەپ قارىلىۋاتقان ھادىسىلەر بىلەن كۆپ جەھەتتىن ئوخشاش بولغاچقا، مەن بۇ ماقالىدە ئىپتىدائىي ئېتىقاد دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتتىم.

ئىنسانىيەت 21 ـ ئەسـىرگە قەدەم قويغـان بۈگـۈنكى كۈنـدە ھەرقايـسى خەلقلەرنىـڭ ئېتىقـاد مەدەنىيىتىگە، ئـۆرپ ـ ئـادەتلىرىگە قارايـدىغان بولـساق، ئىپتىـدائىي ئېتىقادنىـڭ روشـەن تەسـىرىنى بايقايمىز. ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئىزلىـرى شۇ مىللەتنىـڭ مەدەنىيىتىنىـڭ بىـر قىـسمىغا ئايلىنىـپ كەتـكەن. بۈگـۈنكى كۈنـدە بەزى كىـشىلەر مەدەنىيەتتىكـى بەزى ئىپتىـدائىي ئېتىقـاد ئامىللىرىنى «خۇراپاتلىق» قالپىقى بىلەن چۈرۈپ تاشلاشقا ئورۇنىدۇ. بۇ خىل قاراش تولىمۇ بىمەنە، چۈنكى ئىپتىـدائىي ئېتىقاد ئـامىللىرى مەدەنـىيەت بىـلەن زىـچ بىرىكىـپ كەتـكەن. مەسـىلەن، خەنـزۇ مىللىتىنىـڭ قەدىمـدە ئەجدىرھانى ئۇلۇغلاپ تـوتېم قىلىـشى بۈگـۈنكى كۈنـدە بـايراملاردا ئەجـدىرھا ئويـۇنى ئويناش بىـلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار يەنە «福» خېتىنى چاغان ۋە باشقا بايراملاردا ئىـشىكىگە تەتـۈر چـاپلاپ قويـۇپ، بەختلىك بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ھىندىستان كوچىلىرىـدا كـالىلار ئەركىـن يۈرەلەيـدۇ، چۈنكى، ھىنـدىـستانلىقلار قەدىمكـى دەۋردە كـالىنى ئۆزىنىـڭ تـوتېم ئـوبيېكتى قىلغانـىدى. شـۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىپتىدائىي ئېتىقاد ياكى سۈنئىي دىنلاردىكـى نۇرغـۇن ھادىـسىلەر ئۇزاق تـارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا خەلق مەدەنىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئۇيغـۇر مەدەنىيىتىـدە ئىپتىـدائىي ئېتىقادنىـڭ تەسـىرى خېلـى زور بولـۇپ، بـۇ ھەقـتە ئويلىنىـپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. مەلۇمكى، ئۇيغـۇرلار تـارىختىن بۇيـان نۇرغـۇن دىنلارغـا ئېتىقـاد قىلغـان. ئىسلام دىنـى ئۇيغـۇلاردا بىـرقەدەر كەڭ ئومۇملاشـقان دىـن بولـۇپ، ھازىرغـا قەدەر مەلـۇم دەرىجىـدە ئۆزىنىـڭ تەسىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا ئىنچىكىلەپ قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىـدە ئىپتىدائىي دىنىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى، ھەتتـا ئىـسلام دىنىـدىكى بەزى ئـادەت ـ مۇراسـىملار ئۇيغۇرلارنىـڭ ئىپتىـدائىي ئېتىقـاد ئـامىللىرى بىـلەن بىرلىـشىپ ئـۆزگىچە مەدەنـىيەت ھادىـسىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «نۇرغۇن ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەرگە ئىسلامىيەت قاراشلىرى سـىڭىپ كىـردى يـاكى ئىپتىـدائىي ئېتىقـادتىن قالغـان ئـادەتلەر ئىـسلامچە چۈشـەندۈرۈلدى يـاكى چۈشـىنىلدى. شـۇنداق ئېيتىـشقا بۇلىـدۇكى، ئۇيغـۇر ئەجـدادلىرىنىڭ دەسـلەپكى ئېتىقـادى ئاساسـىدا شەكىللەنگەن بىر پۈتۈن مەدەنىيىتىگە ئىسلامىيەت يوپۇقى يېپىلدى»②.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ئېتىقاد قىلغان دىنلىرى ئۇيغۇرلارنىـڭ مەدەنـىيەت خەزىنىـسىنى بېيىتتـى ۋە راۋاجلانـدۇردى. ئەممـا كىـشىنىڭ دىققىتىنـى تارتىـدىغىنى شـۇكى، ئۇيغـۇرلار تۇرمۇشـىدا ئـۇلار ئىلگـىرى ئېتىقاد قىلغان سۈنئىي دىن ــ نېـستورى دىنـى، بـۇددا دىنـى قاتـارلىق دىنلارنىـڭ تەسـىرى ئاساسـىي جەھەتتىن سىقىپ چىقىرىلغـان يـاكى ئىـسلامىيەت شۇ دىنلارنىـڭ مەدەنـىيەت ئـامىللىرىنى تەلتۆكـۈس ئىنكار قىلغانىدى. بـۇ، ئىـسلام دىنىنىـڭ ئەقىدىـسى بىـلەن زىـچ مۇناسـىۋەتلىك ئىـدى. ئىسلام دىنـى ئۆزىدىن باشـقا ھەرقانـداق بىـر دىنـىي ئىـدىيە بىـلەن سىغىشالمىسمۇ، ئەممـا نۇرغۇنلىغـان ئىپتىـدائىي ئېتىقـاد ئـامىللىرى ئىـسلام دىنـى تۇسـى قويـۇق جـايلاردىمۇ ھـازىرغىچە سـاقلانغان ۋە ئىـسلامىيەت مەدەنىيىتى بىلەن زىچ بىرىكىپ كەتكەن.

ئىپتىـدائىي ئېتىقـاد ئەڭ قەدىمكـى ئېتىقـاد ھادىـسىسى بولـۇش سـۈپىتى بىـلەن ئۇيغۇرلارنىـڭ ئەجدادلىرى بۇددا دىنى، مـانى دىنـى ۋە ئاتەشپەرەسـلىك دىنلىرىغـا ئېتىقـاد قىلغـان ۋاقىتلاردىمۇ شۇ دىنلار بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بىز تارىخىي ماتېرىياللارغـا قارايـدىغان بولـساق، ئىپتىـدائىي ئېتىقادنىڭ ئۇيغۇلار مانى ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان چاغلاردىمۇ شۇ خىل دىـنلار بىلەن بىللە

---

① دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ شامان دىنـى توغرىـسىدا تەتقىقـات»، شـىنجاڭ خەلـق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 9 ـ بەت.

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلـسەپە تـارىخى»، شـىنجاڭ خەلـق نەشـرىياتى، 1997 ـ يىلـى نەشـرى، 35 ـ بەت.

مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقاشقا بولىدۇ. «شامان ئېتىقادى ئوتتۇرا ئاسىيا ئېتنىك تۇرمۇشى ۋە ئىدېئولوگىيە ھاياتىدا ئۇزاق ساقلاندى. نىيە ئەتراپىدىن تېپىلغان تارشا پۈتۈكلەردە خاننىڭ شامان باخشىلىرىنىڭ كېسەل داۋالىشىنى مەنئىي قىلىش يارلىقى يېزىلغان. بۇ شامانىزم پائالىيەتلىرىنى مىلادىيەدىن كېيىنكى 2~3 ـ ئەسىرلەردە سالماقلىق داۋاملاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ»①. بىز ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىگە نەزەر سالساق، كۆك تەڭرى ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنىڭ خېلى زور سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى بايقايمىز. خاقانلار ئۆزلىرىنى «كۆك تەڭرىدە قۇت بولمىش ××× خاقان» دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەڭگۈ تاشلاردا يەنە قەھرىمانلارغا ۋە ئەجدادلارغا چوقۇنۇشنىڭ ئىزلىرىنمۇ تاپقىلى بولىدۇ.

«دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى چوقۇم بەلگىلىك ئىدىيە، ئەمەلىيەت ۋە تەشكىلىي شەكىلدىن تەركىب تاپىدۇ»②. بۈگۈنكى كۈندە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا، شۇنىڭدەك قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا شامان باخشىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ پېرىخونلۇق، سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. دېمەك، ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا شامان دىنىنىڭ پائالىيەت سورۇنى ۋە شەكلى ھېلىغىچە مەۋجۇت.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار تارىختا كۆپ دىنغا ئېتىقاد قىلغان مىللەت. 10 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئىسلاملىشىش مۇساپىسى تاكى 15~16 ـ ئەسىرلەرگىچە داۋاملاشقان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇلارنىڭ ئاساسىي ئېتىقاد سىستېمىسىنى ئىسلام دىنى ئىگىلىگەن. ئۇيغۇرلاردىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن بۇيان تەدرىجىي ئاجىزلاشقان بولسىمۇ، ئەمما خەلقنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسىدا يەنىلا مەلۇم سالماقنى ئىگىلىگەن. ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى بەزى ئادەتلەر ئىسلامچە تۈس ئېلىشقا، ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيە سىستېمىسى بىلەن بىرلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. بۇنداق ئادەتلەرنى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىن خېلى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى يەنە بەزى ئادەتلەر ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلمىغان ياكى ئىسلامچە تۈس ئالمىغان. بۇ نۇقتىدىن شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، چوڭ جەھەتتە ئۇيغۇلار ئىسلام ئېتىقادىدا بولسىمۇ، ئەمما قىسمەن جەھەتتىن ئۇيغۇرلاردا ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ھېلىھەم مەۋجۇت.

ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ ئۇيغۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا بۈگۈنگىچە تەسىر قىلىشى ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك. ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا تۆۋەندىكىدەك خاراكتېرلەنگەن:

### 1. نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ئىسلامچە تۈس ئالغان

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى ئېتىقاد سىستېمىسىدا روشەن ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغان. گەرچە ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى كېيىنچە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى شامان ئېتىقادىنى مانى دىنىغا ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقىسمى جەنۇبقا قاراپ كۆچكەن، بىرقىسمى گەنسۇ، تۇرپان ۋە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىغا كۆچۈپ، شۇ يەردىكى خەلقلەر بىلەن بىللە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلاملىشىش مۇساپىسى باشلانغان بولۇپ، بۇ جەريان تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ ئىسلام دىنىنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا كېڭەيتىشىگىچە داۋاملاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشقان.

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 35 ـ بەت.

② گۇڭ جياجۈن: «ياپونىيەنىڭ فولكلورى ۋە دىنى»، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ بەت.

ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن، ئەسلىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ـ ئادەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ جەرياندا ئىسلاملىشىشقا باشلىغان. موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى يادا قىلىش ئادىتى توغرىسىدا توختىلىپ: «بۇرۇن نوھ ئەلەيھىسسالام كېمىسىنى جۇد تېغىغا سۆرەپ چىقىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىگە زېمىن ئايرىپ رۇخسەت بەرگەن چاغدا، يافەس دادىسىدىن: ‹ماڭا دۇئا ئۆگەتسىڭىز، مەن خالىغان چاغدا دۇئا قىلىپ، يامغۇر ياغدۇرىدىغان بولسام› دەپ ئىلتىماس قىلغانىدى. دادىسى بۇنى ئاللانىڭ دەرگاھىغا ئىلتىجا قىلدى. ئاللا ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئىسمى ئەزەم دېگەن ئايەتنى ئەۋەتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنى تاشقا نەقىش قىلىپ ئويۇپ بەردى. بۇ تاشنى ئەرەبچە ‹ھەجىرىلمەتەر› (يامغۇر ياغدۇرىغان تاش) دەيدۇ. تۈركلەر ‹يادا تاش›، ياكى ‹جادا تاش› دەپ ئاتايدۇ»① دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن شامان ئېتىقادىدىكى ئادەتلەرنى ئىسلامچە ئىزاھلاشقا باشلىغان. ئىسلاملىشىش ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قېلىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

خانىدا ئاكىرا «يادا ئەپسۇنى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە شامان دىنىدىكى يامغۇر تىلەش ئادىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلامچە تۈس ئالغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ: «يەنە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە 16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئەزەربەيجان مىللىتىدىن بولمىش سەيياھ سەيفى (تۇرپاندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىچە بولغان ئارىلىقتا 40 كۈن چۆل سەپىرى قىلىپ، چۆلنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن كارۋان) ‹كىلىماتنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن› يادا ئەپسۇنى ئوقۇغان. بۇ چاغدا ئۇلار ‹قۇرئان كەرىم› دىكى سۈرە ‹شەمس› دىكى بىر ئايەتنى قىرائەت قىلغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرە بىردىنبىر ئىسپاتتۇر»② دەپ يازىدۇ. بىز بۈگۈنكى كۈندە ئىپتىدائىي ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك قايسى بىر ئادەتنى كۆزەتسەك، ئۇنىڭ روشەن ئىسلامىي تۈس ئالغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندىكى شامان ئېتىقادى پائالىيەتلىرىدە خۇدانىڭ نامىنى زىكرى قىلىدۇ. يۇقىرىقىدەك تارىخىي ماتېرىياللارنى ئۇيغۇر تارىخچىلىرى ۋە باشقا ئەل سەيياھلىرىنىڭ كىتابلىرىدىن كۆپلەپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىپتىدائىي ئېتىقاد پائالىيىتىنىڭ مەلۇم قىسمىغا ئىسلامىي ئامىللار قوشۇلۇپ كەتكەن. مەسىلەن، بۈگۈنكى كۈندە يېزىلاردا كىشىلەر سۇ تىلىمەكچى بولسا، گەرچە ئىلگىرىكىدەك يادا تېشى ئىشلىتىلمىسىمۇ قۇربانلىقتىن كېيىن قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، ئاللادىن مول ھوسۇل ۋە باياشاتلىق تىلەش ئومۇميۈزلۈك ئادەتكە ئايلانغان. ئىسلام دىنى ئىدىيەسىدە ناماز ئوقۇغۇچى تەرەت ئالماقچى بولۇپ سۇ تاپالمىسا توپا ئىشلىتىپ تىيەممۇم قىلسىمۇ بولىدۇ، ئىسلام ئىدىيەسىدە تۇپا پاك دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ھامىلدار ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ كەچتە تالاغا چىقىشىنى مەنئىي قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاياللارغا باشقا جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىشىدىن قورقىدۇ. بۇ، ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى يامان روھ ۋە جىن ـ شاياتۇنلار بىلەن ئىسلام دىنى ئىدىيەسىدىكى جىن قارىشىنىڭ بىر نۇقتىدا كېسىشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بۇرۇنلاردا تۇغۇتلۇق ئاياللار بىرەر زەخمەتكە ئۇچرىسا شامان باخشىلىرى جىنلارنى قوغلاش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ئىشلار بار ئىدى. ئىسلام دىنى گەرچە جىنلارنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئەمما باخشىلارنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئىسلام ئىدىيەسىدە ئاللادىن باشقا ھېچقانداق مەخلۇقنىڭ ئىككىنچى بىر شەيئىگە تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارى بولمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

ھەممىگە مەلۇم، ئىسلام دىنى ئۆزىدىن غەيرىي ھەرقانداق بىر ئېتىقاد پائالىيىتىنى چەكلەيدۇ. چۈنكى، ئاللادىن باشقا غەيرىي نەرسىلەرگە ئىشىنىش كۇپۇرلۇقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنداقتا، ئىپتىدائىي

---

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 45 ـ، 46 ـ بەتلەر.

② [ياپونىيەلىك] خانىدا ئاكىرا: «يادا ئەپسۇنى ھەققىدە»، «مىراس» ژۇرنىلى 2004 ـ يىللىق 4 ـ سان. بۇ باياننى خانىدا ئەپەندى پاللاس ئەپەندىنىڭ «شەرقتىكى موڭغۇللار تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 348 ـ، 350 ـ بەتلىرىدىن ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ، بۇ كىتاب سانكت پېتىربورگتا 1801 ـ يىلى رۇسچە نەشر قىلىنغان.

ئېتىقادىدىكى بەزى ئادەتلەر نېمە ئۈچۈن ئىسلاملىشىدۇ؟ بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابى كۆپ بولۇشى مۇمكىن.

1) ئامالسىزلىق پسىخىكىسى. ئامالسىزلىق پسىخىكىسى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى روشەن سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى. چۈنكى، تارىختىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەبىئەتتىن ئايرىلمايتتى. شۇڭا، تەبىئەتتىكى ھەربىر خىل ئۆزگىرىش ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئاكتىپ ۋە پاسسىپ ئىنكاس قايتۇرۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل ھادىسىلەرنى تولۇق چۈشەنمەيتتى. ئۇلار تەبىئەتتىكى قۇياش چىقىش، چاقماق چېقىش، يامغۇر يېغىش، بوران چىقىش، يۇلتۇزلارنىڭ كۆچۈشى، ھەرخىل يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئۆزلىرىگە خىرىس قىلىشى قاتارلىق نۇرغۇن ھادىسىلەرنى چۈشىنىش جەھەتتە ئامالسىز ئىدى. ئەڭ مۇھىمى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەربىر شەيئى ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىدى. ئەگەر قۇياش چىقمىسا ئۇلارنىڭ پائالىيەت قىلىشى تەسكە چۈشەتتى. قاتتىق بوران ئۇلارنىڭ پائالىيەت سورۇنىنى كىچىكلىتەتتى، چاقماق ئۇلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ بولاتتى، ياۋايى ھايۋانلارمۇ ئۇلارنى تىنىچ قويمايتتى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھەرخىل كېسەللەردىن كېلىپ چىققان ئۆلۈم ئالدىدا ئاجىز ئىدى، جۈملىدىن تەبىئەتتىكى نۇرغۇن ھادىسە ۋە شەيئىلەر ئالدىدا ئۇلار تولىمۇ ئاجىز ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزى چۈشەنمىگەن، قورققان، ئەيمەنگەن، ئامالسىزلىق ھېس قىلغان چاغدا شۇ شەيئىلەرنى ئۇلۇغلىغان ۋە ئۇلارغا ئېتىقاد قىلغان. ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئاشۇ شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر باغلىنىش بارلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش، بىخەتەرلىككە ئېرىشىش ئويى ئاستىدا ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئاستا ـ ئاستا كېلىپ چىقىشقا باشلىغانىدى. ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەنە شۇنداق روھىي ئويغىنىش ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى.

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن، ئاز قىسمى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ۋە قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان. دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكلىرى تەبىئەتكە بولغان كۈچلۈك بېقىنىدىلىقنى شەرت قىلغاچقا، تەبىئەت بىلەن بىللە ياشاش ئۇيغۇرلاردىن تەبىئەتتىكى ناچار شارائىت ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنى تەلەپ قىلاتتى. 15 ـ ئەسىردىن كېيىن يىپەك يولى خارابىلىشىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار سىرتتىن يېڭى تېخنىكا ۋە قوراللارنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزا ئىگىلىكىدە سانائەتلىشىش دۇنيادا تېخى 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى قىسمىدا ئەمەلگە ئاشتى. ناچار تەبىئىي شارائىت، قۇرغاقچىلىق، ئاپەت، پۇتمەس سىياسىي نىزا ۋە ئاز ھوسۇل ئالدىدا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى تولىمۇ ئاجىز ھېس قىلاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى بولغان دېھقانچىلىقتا، ئۆي ھايۋانلىرى ۋە نوقۇل ئادەم كۈچىگە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى ئېغىر قۇرغاقچىلىق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى كېڭەيتىشكە توسالغۇ بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ شىنجاڭدا دېھقانچىلىقنىڭ تېخى ماشىنىلىشىپ بولالماسلىقى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۇزاققىچە تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ ياشاش يولىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا، يېزىلاردا ھازىرغىچە ئاي ۋە يۇلتۇزلار ھەرىكىتىگە قاراپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن مول ـ ھوسۇل ئېلىشتىن بىشارەت بېرىدىغان ئادەتلەر ساقلانماقتا.

گەرچە مېدىتسىنا تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چەت يېزا ـ قىشلاقلاردا داۋالاش ئىشلىرىنىڭ تەلتۆكۈس ئومۇملىشىپ بولالماسلىقى بىلەن ئىپتىدائىي داۋالاش ئۇسۇللىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان. ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بەزى يەرلەردە ھېلىغىچە شامان باخشىلىرىنىڭ كېسەل داۋالاۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە خەلق ئىچىدە بەزى كىشىلەر يەنىلا داخانلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆزىگە ۋە يېقىن كىشىلىرىگە دۇئا ئوقۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل ئۇسۇل

ئارقىلىق يامان جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان قەستىنى ياندۇرۇپ، تىنچ، خۇشال ياشىغىلى بولارمىش.

روھىي جەھەتتىكى ۋە تەبىئەت دۇنياسى ئالدىدىكى ئامالسىزلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى مەلۇم ئوبيېكتىپ ئاساس بىلەن تەمىنلەپ بەرگەن. چۈنكى، بۇ يەردە ماشىنىنىڭ كەتمەننىڭ ئاۋازىدىن كەتمەننىڭ ئاۋازى يۇقىرى ئىدى.

بۈگۈنگىچە ساقلىنىۋاتقان سۇ تىلەش ۋە زاراخەتمە قاتارلىق ئادەتلەرگە دىققەت قىلساق، سۇ قىسلىقتىن ئىبارەت بۇ ئوبيېكتىپ مەسىلىنىڭ كىشىلەرنى بۇ خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇر قىلغان. گەرچە يامغۇر تىلەش، يادا قىلىش، سېھىر ئىشلىتىش، كېسەل داۋالاش، پىرە ئوينىتىش، مازار تاۋاباتى (ئەجدادلارغا چوقۇنۇش) قاتارلىق ئادەتلەر ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ تەركىبىي قىسمى بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل ھادىسە ئىسلام دىنى ئامىللىرى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن. ئۇيغۇلار يامغۇر تىلىمەكچى بولسا شۇ يۇرت جامائىتى ئېقىن بېشىغا توپلىشىپ چىقىدۇ. كىشىلەر نەزىر بۇيۇملىرىنى ئۆزلىرى خالىس بىللە ئېلىپ چىقىدۇ ھەمدە ئېقىن بېشىدا قوي، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ قان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، شۇ يۇرتنىڭ سۈيىنىڭ مول بولۇشىنى، كىشىلەرنىڭ مول ـ ھوسۇل ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ دۇئا قىلىشىپ قايتىشىدۇ. ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىكى ئامالسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان روھىي جەھەتتىكى تەسەللىي ئىزدەش يۇقىرىقى ئادەتنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا ۋە ئۇنىڭ ئىسلامىي تۈس ئېلىشىغا سەۋەب بولغان.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە «كىشىلەر بۇنداق مۇدھىش ـ قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە قۇربى يەتمىگەن ھامان ئۇلارغا چوقۇنۇپ، ئۇلارنى ئۇلۇغلايتتى. بۇنداق ۋەھىمە پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەر ئۈستىدىن غەلبە قىلىشقا قۇربى يەتمىگەندە، ئۇلارغا بولغان تەقۋادارلىقى ۋە مۇھەببىتى بىلەن ئۆزلىرىدىكى ۋەھىم تۇيغۇسىنى يوقىتىشقا ئورۇناتتى»①. بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ خىلدىكى ۋەھىمە ئېڭى ۋە ئۇلار ئالدىدىكى ئامالسىزلىق كىشىلەرنى يۇقىرىقىدەك ئادەتلەرنى ساقلاپ قېلىشقا ۋە جەمئىيەتتە ئاساسلىق رول ئويناۋاتقان ئىدىيە سىستېمىسىغا ماسلاشتۇرۇشقا ئېلىپ باردى.

(1) ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى بەزى قاراشلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقى ۋە روھىي دۇنياسىدىكى كۈچلۈك تەسىرىمۇ ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ ئىسلام دىنى شارائىتىدا مەۋجۇت بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىپتىدائىي دىندىكى بەزى قاراشلار ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق قاراشلىرى بىلەن ئوخشاش بولغاچقا، ئىسلام دىنى ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى بەزى قاراشلانى چەتكە قاقمىغان. بەزى كىشىلەر قەدىمدىن قالغان ئاشۇ ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە نېمە پايدىسى بار؟ دېيىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، بۇ مەسىلىنى تالاش ـ تارتىش قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ ھەرخىل سۇنئىي دىنلارنىڭ زەربىسىدىن ئامان قېلىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلەلىشى، ئۇنىڭ ئەينى زاماندا مەلۇم دەرىجىدە رول ئوينىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، ھېچقانداق رولى بولمىغان نەرسىنى كىشىلەرنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلاپ كېلىشى ناتايىن. بۇ يەردىكى مەسىلە ئۇنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە رول ئوينىغانلىقىدا.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە «يادا» سۆزىگە ئىزاھات بېرىپ مۇنداق يازىدۇ: «يادا ـــ بۇ بىر خىل سېھىرگەرلىك بولۇپ، يامغۇر، شامال ۋە باشقىلارنى تىلەش ئۈچۈن مەخسۇس تاشلار (يادا تاشلار) ياردىمى بىلەن سېھىر قىلىنىدۇ. بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. مەن بۇنى ياغمىلاردا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ يەردە بىر يانغىن بولغاندا، يانغىننى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىنغانىدى. خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن يازدا قار ياغدى، كۆز ئالدىمدا ئوت ئۆچۈرۈلدى»②. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى

---

① ئەسەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 2 ـ ئاي نەشرى، 76 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 3 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 1 ـ بەت.

ئۆز دەۋرىدە خېلى زور دەرىجىدە رول ئوينىغان. گەرچە بىز بۇ خىل ئادەتلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى رولىنى ئىسپاتلاشقا تولۇق ئاساسىمىز بولمىسىمۇ، لېكىن ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ خەلق مەنىۋىيىتىدىكى ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى. بۇ خىل يادا قىلىش ئۇسۇللىرى ئىسلامدىكى قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئاللادىن مەدەت تىلەش قارىشى بىلەن بىرىكىپ، باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك سۇ ۋە يامغۇر تىلەشنىڭ يېڭىچە شەكىللىرىنى ياراتقان.

ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى يەنە بىر ئۆزگىچە مەدەنىيەت ھادىسىسى پەرھىزدۇر. پەرھىز ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئېتىقاد شەكىللىنىشكە باشلىغان ۋاقىتتىن تارتىپ شەكىللىنىشكە باشلىغان، ئۇنىڭغا سۈنئىي دىنلاردىنىڭ تەسىرى سىڭگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەخلاق قاراشلىرىنىڭ قائىدە ـ شەكلىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. «دىنىي پەرھىز ئىنسانىيەت ياراتقان تۇنجى مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت تەرتىپى، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەتنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ»①. دېمەك، ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ قانۇنى بولغان پەرھىز قاراشلارنىڭ بۈگۈنگىچە داۋاملىششى پەرھىزنىڭ بىر قاتار ئوبيېكتىپ رولى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. گەرچە بەزى پەرھىز قاراشلار ئېنىق خۇراپىيلىق تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، ئەمما بەزى پەرھىزلەر قەدىمدىن بۇيان ئەخلاق رولىنى ئۆتەپ كەلگەن. پەرھىزلەر كىشىلەرنى بەزى ئىشلارنى قىلىشتىن چەكلەيدۇ. مەن كىچىك ۋاقتىمدا «قاراڭغۇدا ئوت ئوينىساڭ يامان بولىدۇ»، «كەچتە ئاچقۇچ ئوينىساڭ يامان بولىدۇ»، «نانغا دەسسىسەڭ كور بولۇپ قالىسەن» دېگەندەك پەرھىزلەرنى تولا ئاڭلايتتىم. بۈگۈن ئويلىنىپ باقسام، بۇ خىلدىكى پەرھىزلەرنىڭ ئوبيېكتىپ رولى تولىمۇ چوڭقۇر ئىكەن. ئەگەر يۇقىرىقىدەك پەرھىزلەر بولمىغان بولسا ئوت ئاپىتى كۆپلەپ يۈز بېرىشى، نۇرغۇن قۇلۇپلار چېقىلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، بەزى پەرھىزلەر كىشىلەرنى يامانلىقتىن توسۇپ، زىيان تارتماسلىققا ئاگاھلاندۇرىدۇ. يەنە بەزى پەرھىزلەر كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ نورمال راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. دېمەك، بۇيەردە ئىپتىدائىي ئېتىقادنى مەنبە قىلغان پەرھىز قاراشلار تا بۈگۈنگىچە ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەلگەن.

ئېتىقادنىڭ كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىغا بولغان تەسىرى ھەققىدە غەرب ئالىملىرى كۆپ ئىزدەنگەن بولۇپ، غەربتىكى دىنىي پىسخىكا ئالىملىرى نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ئىشلىگەن ۋە دىن ۋە ئادەم پىسخىكىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى پەن نۇقتىسىدىن ئىسپاتلاشقا ئورۇنغان. «ئىلگىرى دىن تەرىپىدىن داۋالىنىپ باققان كىشىلەرنى تەكشۈرۈش دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، داۋالانغان كىشىلەرنىڭ گەرچە بەدىنىدە ئۆزگىرىش بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنى تېخىمۇ ساغلام ۋە بەختلىك ھېس قىلىشقان»②. دېمەك، مەيلى سۈنئىي دىنلار ياكى ئىپتىدائىي دىنلار بولسۇن، كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەردىن قانائەت ئىزدەش تۇيغۇسى دىنىي ئېتىقادنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى مەلۇم دەرىجىدە روھىي ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنى توتېم قىلىشى، ئەجدادلىرىغا ئاتاپ نەزىر قىلىش قاتارلىق ئادەتلەر مانا مۇشۇنداق روھىي قانائەت ئىزدەشتىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. «ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەجدادلار ئېڭىدىكى باتۇرلارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلىنىڭ ئورنىنى ئىسلام ئۈچۈن غازات قىلىپ قازا قىلغانلارنىڭ قەبرىگاھىنى تاۋاپ قىلىش ئىگىلىدى»③. باتۇرلارغا ۋە ئەجدادقا چوقۇنۇش شامان دىنىدىكى ئېتىقاد ئادىتى بولۇپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر: «قەبىلە ۋە مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەردە ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ روھى ياخشى روھقا ئايلىنىدۇ، باتۇرلار ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ روھى تىرىلىپ

---

① خۇ شېڭ: «دىنىي پەرھىز»، ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە ۋەسىقىلەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 7 ـ بەت.

② مىكائىل ئارگىيول: «دىن پىسخىكاشۇناسلىقىغا مۇقەددىمە»(خەنزۇچە)، جۇڭگو خەلق ئونىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 149 ـ بەت.

③ راخمان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى، 192 ـ بەت.

بىزنى قوغدايدۇ» دەپ قارىغان. باتۇرلارغا ۋە ئەجدادلارغا تېۋىنىش ئىپتىدائىي كىشىلەر يولۇققان خىلمۇخىل مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشتا روھىي مەدەت بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام تارىخىدىكى قەھرىمانلار مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىش پائالىيىتى جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى مۇھىم ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ ئىسلام دىنى شارائىتىدا مەۋجۇت بولۇشى ۋە ئىسلام بىلەن بىرىكىپ كېتىشى ئۇنىڭدا مەلۇم دەرىجىدە ئەخلاق خۇرۇچى بولغانلىقىدا. ئىنسانىيەتنىڭ تۇتىيم تۈزۈمى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى قەبىلىلەرنىڭ قانۇنى بولغانىدى. بۈگۈنكى كۈندىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. مەسىلەن، مەلۇم بىر كىشى ئۆز يۇرتىدىن يىراق ئۆلسە، كىشىلەر ئۇنى «يەر يۇتسۇن»، «يەر جاچىنى بېرەر»، «تۇرۇم ئۇرسۇن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئەيىبلەيدۇ. بۇ، ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى يەر ۋە تۇرنى ئۇلۇغلاش ئادىتىدىن كەلگەن. ئۇيغۇرلاردا يەنە «نانغا دەسسىسە كۆزى كور بولىدۇ» دېگەندەك مەزمۇندىكى تۇراقلىق ئىبارىلەر بار. بۇ، ئىسلام دىنىدىكى تېجەشلىك بولۇش، ئىسراپ قىلماسلىق قاراشلىرى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ ئۆزىدىمۇ نۇرغۇنلىغان ئەخلاق ئامىللىرى بار.

(2) ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى «سىرلىق بولۇش» قارىشىمۇ ئىسلام دىنىدىكى «بارلىق شەيئىلەر ئاللانىڭ ئىلكىدە، بارلىق غايىبنى بىلگۈچى بىر ئاللادۇر» دېگەن قاراش بىلەن ئۆزئارا كىرىشكەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر «بەزى جەسەتلەرنىڭ بۇزۇلماي ساقلىنىپ، قول-پۇت تىرناقلىرى ۋە چاچ ساقاللىرىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشى، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ھايات كىشىلەرنىڭ چۈشىدە ئايان بولۇشى، باشقىلارنىڭ چۈشلىرىدە يەنە ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانلارغا ئۆزگىرىپ كېتىشى، كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشى قاتارلىق ھادىسىلەرگە ناھايىتى ھەيران قالغان»①.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان ھەرىكەتلەر مەغلۇب بولغاندا ۋە قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، بۇلارنىڭ سىرىنى يېشىش ئۈچۈن ئويلىنىشقا باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى پېرىخونلۇق-سېھىر ئىشلىتىش بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. كىشىلەر ئۆزلىرى چۈشەنمىگەن ھادىسىلەر ۋە پائالىيەتلەرنى سېھىر قىلىش ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. بۇنىڭ بىلەن پال ئېچىش بارلىققا كەلگەن. پال ئارقىلىق كىشىلەر مەلۇم نەرسىنىڭ سىرىنى بىلەلەيدىغان، كەلگۈسى زاماندا يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن ئالدىن خەۋەر تاپالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن.

بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر نېمە ئۈچۈن يامغۇر ياغىدىغانلىقى، قۇياش تۇتۇلىدىغانلىقىنىڭ سىرىنى بىلدى. جۈملىدىن ئىپتىدائىي ئىنسانلار سىرلىق بىلگەن نەرسىلەر بۈگۈنكى كىشىلەر ئۈچۈن سىرلىق تۇيۇلمايدىغان بولدى. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېيتساق، كۆپ سانلىق كىشىلەر دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ئاساس ئىگىلىك شەكلى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ پەننىي بىلىملەرنى بىلىش پۇرسىتى تۆۋەن بولغاچقا، ئۇلار چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەر بەك كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام ئەقىدىسىدىكى ھەممە ئىشلار ياراتقۇچىنىڭ ئىلكىدە بولۇش قارىشىمۇ بەزى كىشىلەردە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنىيىتىنى چۈشىنىپ بولماسلىقتەك تۇيغۇنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان.

ئىسلام دىنى مۇكەممەل دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن بەزى مەسىلىلەرنى پەن بىلەن ئوخشمايدىغان يول بىلەن چۈشەندۈرگەچكە، ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى سىرلىقلىق تۇيغۇسى ئىسلام قاراشلىرى بىلەن زىچ بىرىكىپ، ئىپتىدائىي دىنىي ئادەتلەرنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ قېلىشىغا تۈرتكە بولغان.

2. نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئامىللىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىرقىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرغا قەدەر ياراتقان مەدەنىيىتىنى پەن ۋە دىن ياراتقان مەدەنىيەت دەپ ئىككىگە

① راخمان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىلى 6-ئاي نەشرى، 55-بەت.

بۆلۈشكە بولىدۇ. پەن ياراتقان مەدەنىيەت ئىنسانلارغا نۇرغۇن جەھەتتىن قۇلايلىق ئېلىپ كەلدى، ئەمما يېگىدىن پەيدا بولىۋاتقان مەسىلىلەرمۇ كۆپ. دىن ياراتقان مەدەنىيەت تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ سىرلىقلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى بېزەپ كەلدى.

مىللەت مەدەنىيىتىنى دىنىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ بايان قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ھىندىستان كىشىلىرى كالا ئېتىقادىچىلىقىنى ھازىرغا قەدەر ساقلاپ كەلگەن. ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇلارغا چوقۇنۇش ئىنسانىيەتنىڭ باللىق دەۋرىدىكى توتېم ئادىتى ئىدى. دۆلىتىمىزگە قارايدىغان بولساق، چاغان ۋە باشقا بايراملاردا كىشىلەر پوجاڭزا ئاتىدۇ، مەلۇم بىر جايدا يېڭىدىن ئىش باشلىسىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. پوجاڭزا ئېتىپ يامان روھلارنى قوغلاش دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بىرقىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇنى «بۇ دېگەن خۇراپىي ئادەت» دەپ ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەيلى سۈنئىي دىنلىرى ياكى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادىدىكى ئادەتلەر بولسۇن، بەزى ئادەتلەر تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ يىمىرىلمەس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇڭا، بۇ خىل ئادەتلەرنىڭ تېگىنى سۈرۈشتە قىلىش ھاجەتسىز.

ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادنى مەنبە قىلغان بەزى مەدەنىيەت ئامىللىرىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقان مۇھىم تەرەپتۇر. بۇ ئامىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆك مەشرىپى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆككە چوقۇنۇش ـ كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇش ئادىتىدىن كەلگەن. كۆك مەشرىپىدە ئوينىلىدىغان ھەرخىل ھەرىكەتلەر ۋە ئوتتۇرىغا ئېلىنغان كۆك (مايسا) كىشىلەرنىڭ يېڭى بىر يىلدا مول ـ ھوسۇل ئېلىشنى ئۈمىد قىلىش ئېڭىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆككە چوقۇنۇش ئىدىيەسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇيغۇرلاردىكى قارلىق تاشلاش ئويۇنىمۇ قارغا بولغان سېغىنىشنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭا، بۇ ئويۇن ئادەتتە تۇنجى قار ياغقان ۋاقىتلاردا ئوينىلىدۇ. قار ـ مول ـ ھوسۇلنىڭ بېشارىتى. ئەگەر قار ياخشى ياغسا، كېيىنكى يىلى زىرائەت ئوبدان ئوخشايدۇ.

تارىخنى ئەسلىسەكمۇ، ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ مەدەنىيىتىمىزگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، ئىدىقۇت (قوچۇ) ئۇيغۇر خانلىقى نامىدىكى «ئىدىقۇت» سۆزى «قۇت بەرگۈچى خۇدا» دېگەن نامنى بىلدۈرەتتى. ئۇيغۇرلار يەنە بىرسىنى قارغىماقچى بولسا «يەر يۇتقاي» دەپ قارغايدۇ. بۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ يەرنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ سۆز تىلىمىزدىكى تۇراقلىق تەركىبكە ئايلىنىپ كەتكەن.

بۆرە توتېم مەدەنىيىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ خېلى چوڭقۇرلۇقىنى بىلگىلى بولىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەرنى ئالساق، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بۆرىگە باغلايدىغان ۋەقەلىكلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا بۆرىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەدەنىيەت ئامىللىرى بولغان. بۇرۇنلاردا بوۋاق تۇغۇلسا «قىز تۇغۇلۇپتىمۇ ـ ئوغۇلمۇ» دېگەننىڭ ئورنىغا «بۆرە تۇغۇلۇپتىمۇ ـ تۈلكىمۇ» دەيدىغان ۋە بوۋاقنىڭ بويىنىغا بۆرە ھۇشۇقى ئاسىدىغان ئادەتلەر بار ئىدى.

ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان مېيىت ئۇزىتىش ئادەتلىرىدىكى ئۈچ، يەتتە، يىگىرمە، قىرىق ۋە يىل نەزىر ئادەتلىرى ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى شۇ خىل سانلارنى ئۇلۇغلاش قارىشىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئىسلام دىنىدا كىشى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنداق نەزىرلەرنى ئۆتكۈزۈش چەكلەنگەن. ئەمما، ئۇيغۇرلار يەنىلا بۇ خىل نەزىرلەرنى ئۆتكۈزۈشنى بۇرچ دەپ قارايدۇ. نەزىر ئارقىلىق ئۆلگەن كىشىگە خاتىرجەملىك ۋە جەننەت تىلەيدۇ. قەرەللىك ھالدا نەزىر ئۆتكۈزۈپ ياغ پۇرىتىدۇ. راخمان ئابدۇربىھىم بۇ ھەقتە: «ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئائىلىسى ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى دەپنە قىلغاندىن باشلاپ ئۈچىنچى، يەتتىنچى، يىگىرمىنچى، قىرىقىنچى، يۈزىنچى كۈنلىرى ۋە بىر يىلى توشقان كۈنى كالا ياكى قوي ئۆلتۈرۈپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ جامائەتكە ئۆلۈپ

كەتكەن ئائىلە ئەجدادىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر ئۆتكۈزىدۇ. كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن مالنىڭ روھى مەرھۇم ــ ئەجدادنىڭ روھىغا مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەر ھەر يىللىق ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى ۋە ھەر ھەپتە ئىچىدىكى جۈمە كۈنلىرى ئەجدادىنىڭ قەبرە بېشىغا بېرىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ، ھەر پەيشەنبە كۈنى، ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادى چۈشىگە كىرىپ قالغان كۈنى ۋە يامان چۈش كۆرۈپ قالغان كۈنلىرى ئەجداد روھىغا ئاتاپ بوي سالىدۇ. مانا بۇلارنى ئۇيغۇلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدىكى ئەجداد روھىغا چوقۇنۇشنىڭ قالدۇق تەسىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ»① دەپ يازىدۇ. بىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەبلەر تۇرمۇشىغا قارايدىغان بولساق، ئەرەبلەردە بۇ كۈنلەر (ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مۇقەددەس ھېسابلانغان سانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۈنلەر)دە نەزىر ئۆتكۈزۈلمەيدىغانلىقىنى بىلىمىز. يۇقىرىدا ساناپ ئۆتۈلگەن ئۈچ، يەتتە، يىگىرمە، قىرىق سانلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، تارىختا ھەرخىل دىنلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۇلۇغلايدىغان سانلىرى بولغان، شۇنداقلا سانلارنىڭ مەدەنىيەت مەنىسىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ئەمما يۇقىرىقى سانلار شامان دىنىدا ئالاھىدە مەنىگە ئىگە. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلادىكى بۇ خىل نەزىر پائالىيىتىنى ئىپتىدائىي ئېتىقادلار بىلەن مەلۇم دەرىجىدە باغلىنىشى بار دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل نەزىر پائالىيىتى كېيىنچە ئۇيغۇلار مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

بارائەتنى مىسالغا ئالساق، ئۇ ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم ئىدى. «بارائەت مۇراسىمى ئىسلام كالېندارى (ھىجرىيە) بويىچە ھەر يىلى شەھبان (8 ـ ئاي) ئېيىنىڭ 14 ـ كۈنى ئاخشىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۈن ئەسلىدە ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھ ـ كەبىرلىرىنى يۇيۇش كۈنى»②. ئەسلىدە بۇ كېچىنى ئۆتكۈزۈشتىكى مەقسەت، كىشىلەرنىڭ گۇناھى ئۈچۈن تەۋۋا قىلىش، ئاللاغا سېغىنىشتىن ئىبارەت. ئەمما، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار بۇ پائالىيەتنى ئۈچ كۈن ياكى يەتتە كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇيغۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ كۈنلەردە ياغ پۇرىتىش (مايدا قۇيماق ۋە پوشكال سېلىش ۋە باشقا نەزىر تامىقى ئېتىش قاتارلىقلار) ئارقىلىق ئەجدادلار روھىغا سېغىنىش ۋە ئۆلارنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرىتىنى تىلەش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەگەر ياغ پۇراتمىسا، ئەجدادلار روھى قورۇنۇپ قالىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بۇ، ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ئادىتىنىڭ ئىسلامىي تۈس ئالغان كۆرۈنۈشى، شۇنداقلا ئۇيغۇلار مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

3. بەزى ئېتىقاد ئادەتلىرى ئەسلىي ھالىتى بويىچە ساقلانغان. ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ تارىخى ئۇزۇن، خەلق تۇرمۇشىدىكى تەسىرى چوڭقۇر بولسىمۇ، ئەمما بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كۆپلىگەن ئېتىقاد ئادەتلىرى يوقىلىپ ئاز بىرقىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى بىرقەدەر كۆپ. ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ بەزىلىرى ئىسلام دىنى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن، بەزىلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىرقىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن، يەنە بىرقىسمى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەۋجۇت بولغان.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ئېتىقاد ئادەتلىرى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ بىلىش سەۋىيەسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مائارىپ ۋە پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن، كىشىلەر بەزى ئادەتلەرنىڭ تولىمۇ خۇراپىي ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىنى بايقىدى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەندى. چۈنكى، شىنجاڭدىكى ئىسلام تارىخىدا سوپى ـ ئىشانلار ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتىنى بۇرمىلاپ، ئىسلام دىنىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، خەلقنى ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلغان، بۇنىڭ بىلەن كۆپ سانلىق كىشىلەردە سوپىلارغا چوقۇنىدىغان قاراش شەكىللىنىپ قالغان. «جاھالەت

---

① راخمان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى، 190 ـ بەت.

② ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 343 ـ بەت.

پىرلىرى» شىنجاڭنى قاپلىغان ئاشۇ دەۋرلەردە كۆپ سانلىق ئېتىقادچىلار ئاللاغا ئەمەس، سوپى ـ ئىشانلارغا قول بېرىپ، سوپى ـ ئىشانلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. دېمەك، ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى ئانچە ساپ ئەمەس ئىدى. گەرچە ئىسلام دىنى دەسلەپتە شىنجاڭغا بىرقەدەر ساپ تارقالغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيالىق سوپىلارنىڭ شەخسىي غەرىزى بىلەن ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى بۇرمىلىنىپ كەتكەنىدى. كىشىلەر ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلگەنىدىن كېيىن، ئىسلام ئېتىقادىغا خىلاپ بولغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلار ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى قالاق ئادەتلەرنى تونۇشىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى دۇنيادىكى دەھرىيلىشىش دولقۇنىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى قىلچە پايدىسى بولمىغان ئادەتلەرنى ئۇنتۇشىغا تۈرتكە بولدى.

شۇنداق بولسىمۇ، يەنە بىرقىسىم يېزا ـ قىشلاقلاردا بەزى ئېتىقاد ئادەتلىرى ھېلىھەم مەۋجۇت. مەسىلەن، بەزى كىشىلەر يېڭى چىققان ئاينىڭ ئېغىزى تۆۋەن ياكى يۇقىرى بولسا مول ـ ھوسۇل بولىدۇ، ئەگەر ئېغىزى قىيسىق بولسا مول ـ ھوسۇل ئاز بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى كىشىلەردە ئادەمم بەدىنىگە يارا چىقىپ قالسا، ئايغا كۆرسىتىدىغان ئادەت بار. ھازىر ئۇيغۇر يېزىلىرىدا كىشىلەر تۇنجى سودا قىلغانىدا پۇلنى يەرگە تاشلاپ، ئاندىن ئالىدىغان ياكى بېشىدىن بىر ئايلاندۇرۇپ يانچۇقىغا سالىدىغان ئادەت مەۋجۇت. تۇنجى سودا قىلىنغان ۋاقىتتا سودىگەر ياكى سېتىقچى ئالغۇچىغا: «سودا ئېقىپ كەتسۇنمۇ؟» دەيدىغان، ئالغۇچىمۇ: «ئېقىپ كەتسۇن» دەپ تىلەك تىلەيدىغان ئىش مەۋجۇت. يۇقىرىقى ئادەتمۇ تۇپراققا ئېتىقاد قىلىش قارىشىدىن كەلگەن. بەزى جايلاردا تارىخى ئۇزۇن دەرەخلەرنى «مۇقەددەس دەرەخ» دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن پەرزەنت تىلەيدىغان، ئۇنداق دەرەخلەرنى كەسسە «قولى تۇتماس ياكى ساراڭ بولۇپ قالىدۇ» دەپ قارايدىغان ئادەت مەۋجۇت. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى كىشىلەر تۇمار ئېسىۋالسا بالا ـ قازادىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى رايونلاردا شامان باخشىلىرىنىڭ قىزىتىلغان كەتمەنگە دەسسىتىش ئارقىلىق كېسەل داۋالىشىغا ئوخشاش ئىپتىدائىي ۋە قالاق ئۇسۇل ساقلانغان. ھازىرمۇ كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلار سۇغا ۋە ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرۈشنى، كۈنگە قاراپ تەرەت قىلىشنى يامان كۆرىدۇ... بۇ خىلدىكى ئادەتلەرنى كۆپلەپ مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ ئىسلام دىنى شارائىتىدىكى مەۋجۇت بولۇش مەسىلىسى تارىخى ئۇزۇن ھەم ئۆزگىچە ھادىسە. گەرچە ئۇيغۇرلار تارىختا خىلمۇخىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئامىللىرى تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ داۋاملاشقان ھەم ئىسلام دىنى ئىدىيە مۇھىتىدا ئىسلام دىنىنىڭ پائالىيەت شەكلى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن. ھەممىگە مەلۇم، ئىسلام دىنى ئاللادىن باشقا ھەرقانداق بىر شەيئىگە ئېتىقاد قىلىشقا يول قويمايدۇ. ئەگەر ئېتىقاد قىلىنسا، دىندىن يۈز ئۆرىگەنلىك بىلەن باراۋەر بولىدۇ. شۇڭا، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئۆزگىچە شەكلىنى تەتقىق قىلىپ بېقىشنىڭ زۆرۈرىيىتى چوڭ.

**ئاپتور:** شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ 2009 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** مۇھەممەدجان مۆمىن